# «يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلەيمەن»

## —— رىجاۋ شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى، مەكىت ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دىلى خۇيى توغرىسىدا

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

93 شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرى، 1 مىليارد 13 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى...كىشىنى روھلاندۇرىدىغان بۇ سانلار رىجاۋ شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نەتىجىلىرىنى بايان قىلىدۇ، شۇنداقلا دىلى خۇيىنىڭ رىجاۋ شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى، مەكىت ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان بۇ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تىرىشچانلىقى ۋە ئەجرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

### «چىلان ماكانى» چىلانلىرىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى

«چىلانلىرىمنى ساتالماسلىقىمدىن ئەمدى ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم، بۇ يىل چىلانلىرىمنى چوقۇم يەنە ياخشى باھادا ساتالايمەن» دېدى مەكىت ناھىيەسى تۇمەنتال يېزىسىنىڭ تۇمەنتال كەنتىدىكى چىلانچى دېھقان ھەسەن مامۇت ھاياجانلانغان ھالدا.

مەكىت ناھىيەسى «چىلان ماكانى» دەپ تەرىپلىنىدۇ، چىلان تىكىلگەن كۆلەم 560 مىڭ مو بولۇپ، يىللىق ھوسۇلى 230 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ، چىلاندىن قىلىنغان كىرىم پۈتۈن ناھىيە كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 47%نى ئىگىلەيدۇ. قانداق قىلغاندا مەكىت چىلىنىنى ھەقىقىي تۈردە چىلانچى دېھقانلارنىڭ «بەخت چىلىنى»غا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ دىلى خۇيى بۇ ھەقتە ئويلىناتتى، ئىزدىنەتتى.

بىر قېتىم، بېيجىڭغا كاماندىروپكىغا چىققان دىلى خۇيى رىجاۋ شەھىرىدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلارنىڭ ئۆيىگە قايتىپ دەم ئېلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ساڭجوۋ شەھىرىدە تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ساڭجوۋغا بېرىپ، كارخانىچىلارنى مەكىتكە بېرىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە سەممىي تەكلىپ قىلدى.

«بىز بارلىق ئەزالار سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسىنىڭ ‹ئىشتات سىرتىدىكى خادىملىرى›» دېدى بۇ يىل 48 ياشقا كىرگەن دىلى خۇيى كۈلۈپ تۇرۇپ. ساڭجوۋدىكى تونۇشتۇرۇش يىغىنىدىن كېيىن، مەنجياڭخۇڭ مېۋىچىلىك چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 15 كارخانا مەكىتكە ماكانلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشكە جەلپ قىلىندى.

2014 - يىلى، رىجاۋ پورت (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ رىجاۋ ئەشيا ئوبوروتى باغچىسىدا 37 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، يىلىغا 2000 توننىدىن ئارتۇق چىلان پىششىقلايدىغان زاۋۇتتىن بىرنى قۇردى. 2018 - يىلى، دىلى خۇيىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، رىجاۋ پورت (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى يەنە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چىلان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى، تۇراقلىق تېمپېراتۇرىلىق ئامبار، زاپاس ساقلاش ئامبىرى ھەم ئەشيا ئوبوروتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ئاساس قىلغان مەكىت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا باغچە رايونىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، «چىلان ماكانى» چىلانلىرىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

### كەسىپ يۆنىلىشى «نامراتلارنى يۆلەش ئېففېكتى»نى گەۋدىلەندۈردى

سەھەردىكى مەكىت ئۇيقۇدىن ئويغاندى، قاقشال كەنتىگە جايلاشقان شىنجاڭ ۋۇجېڭ يېشىل يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ 40 مىڭ مولۇق يېزا ئىگىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش باغچە بازىسىدا قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنىدى.

مەركەزلىك تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، گۈل - گىياھ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ھەمدە توكسىكلىت قۇراشتۇرۇش ۋە سېتىشنى بىر گەۋدە قىلغان بۇ شەندۇڭ كارخانىسى شۇ جايدىكى دېھقانلارنى بىۋاستە 300دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، 500دىن ئارتۇق كىشىنى پەسىللىك ئىشلەتتى، يىلىغا 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىش ھەققى بېرىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 140تىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا دەل جايىدا ياردەم بەردى، يۆلىدى.

نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ ئىدىيە دىلى خۇيىنىڭ خىزمىتىدە تولۇق گەۋدىلەندى.

ئەمەت ئەخەت مەكىت ناھىيەسىنىڭ شىيتدۇڭ يېزىسى قاقشال كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، شەندۇڭ ۋۇجېڭ گۇرۇھى قاقشال كەنتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىچىپ قۇرغان 10 مىڭ مولۇق زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن دېھقانچىلىق قىلاتتى، ئەمما، ۋۇجېڭ گۇرۇھىنىڭ 10 مىڭ مولۇق زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

«ھازىر بىز ئاكا - ئۇكا ھەممىمىز ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا ئىشلەۋاتىمىز، ھەربىرىمىز ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمىز» دېدى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا ئىشلەۋاتقان ئەمەت ھاياجانلانغان ھالدا. بۈگۈنكى كۈندە، ئەمەت ئەمىن ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپلا قالماي، يەنە تاتلىق تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى.

قاقشال كەنتىدە، ئەمەتكە ئوخشاش ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا ئىشلەۋاتقانلاردىن 300 نەچچە كىشى بار بولۇپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا ئاشتى، قاقشال كەنتى بىردىنلا مەكىت ناھىيەسىدىكى «چولپان كەنت»كە ئايلاندى.

«بىر چوڭ تۈرنى كىرگۈزۈپ، بىر چوڭ كەسىپكە تۈرتكە بولۇش» ئىدىيەسىدە دىلى خۇيى رىجاۋ شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن جىنشىڭ گۇرۇھى، مەيتېڭ چارۋىچىلىقى، لىسېن يۈەنجياڭ يېڭى ماتېرىياللىرى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ 36 تۈرىنى باغچە رايونىدا ماكانلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشكە جەلپ قىلدى، ئومۇمىي سېلىنمىسى 3 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 4800دىن ئارتۇق كىشىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىدى.

### ئىشنى ئىشقا ئۇلاپ بېجىردى

«ئىشنى ئىشقا ئۇلاپ بېجىرىمەن، يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلەيمەن.» دىلى خۇيى مۇشۇنداق دېدى ھەم شۇنداق قىلدى.

مەكىت ناھىيەسىدىكى نامرات ئاھالە ئەڭ كۆپ بولغان تۇمەنتال يېزىسىنىڭ تۇمەنتال كەنتىدە دىلى خۇيى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار بىلەن بىللە «يېزا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش»تىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەندىزىسىنى يېتىلدۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەندى، يېڭىلىق ياراتتى، رىجاۋ شەھىرى لەنشەن رايونىنىڭ بۇ كەنت بىلەن بولغان قوشماقلىشىپ ئورتاق قۇرۇش كېلىشىمىنىڭ قوللىشىدا، چارۋىچىلىق، كىيىم - كېچەك، يەم - خەشەك پىششىقلاش قاتارلىق بەش ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە بىر چىلان پىششىقلاش زاۋۇتى، ئىككى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى قۇرۇپ چىقتى. يېزا بېيىش باشلامچىسىدىن توققۇز كىشىنى يېتىشتۈرۈپ، 106 كىشىنى كوپېراتىپ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى، 57 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولدى. 2018 - يىلى، بۇ كەنتتىكى 282 ئائىلىدىكى 938 كىشىنىڭ سىجىل مۇقىم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن كەنت بويىچە نامرات كەنتلەر قاتارىدىن چېكىنىش نىشانى ئورۇندالدى.

بۇلا ئەمەس، دىلى خۇيى يەنە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار بىلەن بىللە «ئۈچ دەرىجىلىك ھاۋالىلىك باشقۇرۇش»تەك ئۈمەك تەشكىللەش شەكلىدىكى مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتتى؛ كەنت دەرىجىلىك دېھقانلار ئىگىلىك تىكلەپ يېتىلدۈرۈش بازىسى بەرپا قىلدى؛ رىجاۋ شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيەلەرنىڭ مەكىت ناھىيەسىدىكى ئون نامرات كەنت بىلەن قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىشى - يۆلىشىنى ماسلاشتۇردى؛ «بەشنى يېتىلدۈرۈش، بىرنى يېتەكلەش» يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نامراتلارنى يۆلەش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدەندى؛ تور خالتا پىششىقلاش «باغچە رايوندىكى شىركەت + ھەمراھ زاۋۇت + ئائىلىۋى سېخ» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشتى.

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرەيلى

□ جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر شۆبە بانكىسى تىجارەت بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر جوۋ فېڭچېن

مەن قەشقەردە تۇغۇلغان، كېيىن ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتى يۆتكەلگەنلىكتىن ئائىلىمىز بويىچە مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ۋۈچى يېڭى كەنتى(ئەسلىدىكى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىنىڭ شى ئىشتابى)گە كۆچۈپ كەلدۇق. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن كۆپ قىسىم ۋاقىتتا مەن جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفتلىكى تارماق بانكىسىدا خىزمەت قىلدىم، كېيىن يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كوناشەھەر ناھىيەلىك، يېڭىشەھەر ناھىيەلىك، قەشقەر شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىسىدا خىزمەت قىلدىم. ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىمدا باللىقتىكى ھەمراھلىرىم، خىزمەت جەريانىدىكى خىزمەتداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر دوستلار بولدى، كۆپچىلىك ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق.

ئىدارىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان رەھبەرلەر، خىزمەتداشلار ئىناق ئۆتىدۇ، كۆپچىلىك خىزمەت جەريانىدا ئىجىل - ئىناق ئۆتىدۇ، ياخشى ماسلىشىدۇ، خىزمەتداشلار ئارا، يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلىكلەر ئارا ناھايىتى ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. خەنزۇ خىزمەتچىلەردىن كىمنىڭ بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەت دوستى يوق؟ ئاز سانلىق مىللەت خىزمەتچىلەردىن كىمنىڭ بىرنەچچە خەنزۇ ھەمراھى يوق؟ ھەر مىللەت خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ ۋە ماسلىشىش بىزنىڭ ئىناق خىزمەت كەيپىياتىمىزنى بەرپا قىلدى، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا مەيلى شەھەردە ياكى يېزا - كەنتلەردە بولسۇن، ھەر مىللەت خەلق قوشنا ئولتۇرىدىغان ئەھۋال ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەن كوناشەھەر ناھىيەسىدە خىزمەت قىلغان ئاشۇ بىرنەچچە يىلدا، ئۇدۇل قوشنىمىز كوناشەھەر ناھىيەلىك سودا - سانائەت بانكىسىدىن پېنسىيەگە چىققان بىر ئۇيغۇر ھەدىمىز ئىدى. بانكىدا ئىشلەيدىغانلار كۆپ ھاللاردا ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ كەچ قايتىپ كېلىدۇ، خىزمەت ئالدىراش بولغاچقا، بەزىدە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھېرىپ - چارچىغانلىقتىن تاماق ئەتكىم كەلمەي، پەقەت ئانچە - مۇنچە بىرنەرسە يەپلا بولدى قىلاتتىم. قوشنا ھەدىمىز بۇنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بەزىدە پولۇ، بەزىدە لەڭمەن ئېتىپ ئۆيۈمگە ئەكىرىپ بېرەتتى، قوشنىلار ئارىسىدىكى بۇ خىل ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق مېھرى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەچكە مەنمۇ دائىم مېۋە - چېۋە سېتىۋېلىپ ھەدىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يوقلاپ تۇراتتىم.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئادەتتە، شۇنداقلا ئىللىق، بۇ ھېكايىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئىتتىپاقلىق ھاياتلىق، ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق ئۈمىد، ئىتتىپاقلىق غەلىبە دېمەكتۇر. ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ دوستانە ئۆتۈش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىر ئائىلە ئىتتىپاق بولمىسا، قېرىنداشلار ياتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن؛ بىر دۆلەت ئىتتىپاق بولمىسا، چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ھەر مىللەت خەلق باشتىن - ئاخىر ئىتتىپاقلىشىپ دوستانە ئۆتۈپ كەلدى؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ھەر مىللەت قېرىنداشلار قولنى قولغا تۇتۇشى، قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشى كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ھەرىكىتىمىزدە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىرىمىز ئىشنى ئەتراپىمىزدىن، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپلەرنى قىلماي، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشلارنى قىلماي، قول تۇتۇشۇپ گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى مەڭگۈ پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرايلى!

# سانجى ئوبلاستى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى موتورىنى بەرپا قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ياشانغانلارنى كۈتۈشنى يادرو قىلىپ، ساغلاملىق كۈتۈنۈش بىلەن داۋالاش، ساياھەت، مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىكى، يەرلىك مەھسۇلات قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى، كەسىپ تەرەققىيات ئەندىزىسى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتى.

«بۈگۈن بېلىم سەل ئاغرىپ تۇرىدۇ، چۈشتە ماڭا تاماق ئېتىپ بېرىدىغانغا بىرەر ئادەم چاقىرتايمىكىن.» 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ماناس ناھىيەسى يۈەنلىن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى چېن لىيەنشيۇ، «بىر كۇنۇپكا بىلەن ياشانغانلار مۇلازىمىتىنى زاكاز قىلىش ماشىنىسى» ئارقىلىق «ساغلاملىق كۈتۈنۈش بۇلۇتى» مۇلازىمەت سۇپىسىغا تېلېفون قىلدى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، چېن لىيەنشيۇنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى سايراپ، بېشىغا كىچىك قىزىل بۆك كىيگەن، ئۇچىسىغا قىزىل جىلىتكە كىيگەن ما جېبىلىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

2017 - يىلى 7 - ئايدا، ماناس ناھىيەسى 16 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ «ئائىلە تورى + ياشانغانلارنى كۈتۈش» ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان مۇلازىمەت تورىنى باشلاپ، كەسپىي ئاپپاراتلارنى كىرگۈزۈپ، ھويلا تېمى يوق ياشانغانلار ساناتورىيەسى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 27 مىڭ ياشانغان كىشىنى ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش، ياشانغانلارنى كۈتۈش كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ساغلاملىق كۈتۈنۈش كەسپىنىڭ بىر ئۇچى خەلق تۇرمۇشىغا چېتىلىدۇ، بىر ئۇچى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا چېتىلىدۇ. دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ ساغلاملىق كۈتۈنۈش سىياسىتىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سانجى ئوبلاستى ساغلاملىق كۈتۈنۈش كەسپىنىڭ سىنىما سۇبيېكتى تەدرىجىي ھالدا ھۆكۈمەت تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ كۆپ مەنبەلىك قاتنىشىشىغا ئۆزگەردى. فۇكاڭ شەھەرلىك ۋۇجياڭ . تيانشان ئارشىڭ خەلقئارالىق ئارامگاھ رايونى، شىنجاڭ ئېكولوگىيەلىك ساغلاملىق كۈتۈنۈش ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەرچىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىستىقبالى پارلاق، يوشۇرۇن كۈچى زور بولغان ساغلاملىق كۈتۈنۈش تۈرلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇرۇلدى.

سانجى ئوبلاستلىق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لى كۇنمىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ساغلاملىق كۈتۈنۈش كەسپى تەرەققىياتى (شىنجاڭ) مۇنبىرى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سانجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، سانجى ئوبلاستى بۇنى پۇرسەت بىلىپ، رايون ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «داۋالاش - كۈتۈنۈش» «ساياھەت - كۈتۈنۈش»تىن ئىبارەت ئىككى چوڭ موتورنى چۆرىدەپ، داۋالىنىش ساغلاملىق كۈتۈنۈشى، يېزا ئىگىلىكى ساغلاملىق كۈتۈنۈشى، ساياھەت ساغلاملىق كۈتۈنۈشى، بەدەن چېنىقتۇرۇش ساغلاملىق كۈتۈنۈشى، ساغلاملىق كۈتۈنۈش يەرلىك مەھسۇلاتتىن ئىبارەت بەش چوڭ كەسىپنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تىرىشىپ ساغلاملىق كۈتۈنۈش كەسپىنى مەۋقەنى شىنجاڭغا قويغان، پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ساغلاملىق كۈتۈنۈش كەسپى ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى موتور بەرپا قىلىدۇ.

# ئاپتوموبىل سىنىقى ئىگىلىكى تۇرپانغا تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتوموبىل زاۋۇتتىن چىقىشتىن بۇرۇن، ھەممىسى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، ئېگىزلىك، قاتتىق سوغۇق مۇھىتتىن ئىبارەت «ئۈچ يۇقىرى» سىنىقى قىلىنىدۇ. «ئۈچ يۇقىرى» مۇھىتتا ئىپادىسى ئەلا بولغان ئاپتوموبىللار ھەمىشە بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا ئىستېمالچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. تۇرپان شەھىرىنىڭ «ئوت يۇرتى» دېگەن نامى بار، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ئىنتايىن قۇرغاق، يازدا تېمپېراتۇرا دائىم 40 گرادۇستىن يۇقىرى بولىدۇ، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 70 نەچچە گرادۇسقا يېتىدۇ. بۇ خىل ئىنتايىن قۇرغاق ئىسسىق مۇھىت نۇرغۇن ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سودىگەرلىرىگە بۇ جاينى دۆلەت ئىچىدىكى ئاپتوموبىللارنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا، قۇرغاقچىلىققا، ئىسسىققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى سىنايدىغان ئەڭ ياخشى جاي قىلىپ تونۇتتى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭجياۋ يالقۇنتاغ ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك شىركىتى گۇاڭچى ئاپتوموبىل سىناش بازىسىدا، ئون نەچچە يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىلغا 43 گرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا توك قاچىلىنىۋاتاتتى. گۇاڭچى گۇرۇھى ئاپتوموبىل قۇرۇلۇشى تەتقىقات يۇرتى «ئۈچ يۇقىرى» سىنىقى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى سۈن جيەنجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە بىر چوڭ خېرىدار كەلدى، سىناق نەتىجىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي توختام ئىمزالىدى.

جۇڭجياۋ يالقۇنتاغ ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى خې گاڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىلگىرى نۇرغۇن ئاپتوموبىل كارخانىلىرى تۇرپاندا ئاپتوموبىل سىناق قىلغاندا، جەمئىيەت يولدا ھەرىكەت ھالىتىدە سىناق قىلىشنى تاللايتتى، لېكىن مۇئەييەن بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپى مەۋجۇت ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يول ئۆلچەملىك يۇقىرى سۈرئەتلىك ئايلانما يول بولمىغاچقا، سىناق سۈپىتى كاپالەتكە ئىگە بولالمايتتى. نۆۋەتتە، دۆلەت ئىچىدىكى بەزى ئەھلى كۈچى بار چوڭ كارخانىلار تۇرپانغا مەبلەغ سېلىپ، دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئاپتوموبىل سىناش مەيدانى قۇرۇشقا باشلىدى. جۇڭجياۋ گۇرۇھى پاي قوشۇپ مەبلەغ سالغان جۇڭجياۋ يالقۇنتاغ ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك شىركىتىدىن باشقا، شاڭخەي داجۇڭ ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ (تۇرپان) تەجرىبە مەركىزىمۇ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شىنجاڭ تۇرپان تەبىئىي مۇھىت سىنىقى تەتقىقات مەركىزى ئاپتوموبىللارنى ئىنتايىن قۇرغاق، ئىسسىق مۇھىتتا سىنايدىغان يەنە بىر ئورۇن، بۇ مەركەزنىڭ مۇدىرى گو چۈنيۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ بىر قانچە يىلدا، تۇرپانغا كېلىپ ئاپتوموبىل سىنايدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسلىق ئاپتوموبىل كارخانىلىرى تۇرپانغا يىغىلدى، پەقەت 2018 - يىلىلا تۇرپانغا ئاپتوموبىل سىناشقا كەلگەن ئاپتوموبىل كارخانىلىرى 119غا، سىناق قىلىنغان ئاپتوموبىل 2142گە، ئاپتوموبىل سىناش خادىمى 4779 ئادەم قېتىمغا يەتتى. نۇرغۇن ئاپتوموبىل سىناش خادىملىرى بىر تۇرۇشىدا نەچچە ئاي تۇرۇپ، تۇرپاننىڭ ياتاق، يېمەك - ئىچمەك، ساياھەت قاتارلىق كەسپلىرىگە تۈرتكە بولدى، شۇنداقلا خادىملارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. گو چۈنيۈننىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئاپتوموبىل سىنىقى ئىگىلىكىنىڭ تۇرپاننىڭ ئىستېمالىغا قوشقان تۆھپىسى ئاز دېگەندىمۇ 100 مىليون يۈەنگە يېتىدىكەن. ئەمما خې گاڭنىڭ قارىشىچە، ئاپتوموبىل سىنىقى ئىگىلىكىنىڭ تېخىمۇ زور يوشۇرۇن كۈچى يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىن يۈرۈشلۈك كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا بولۇپ، بۇ تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بولۇپ قالىدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ قەرەللىدە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىكى ۋە قاتتىق باشقۇرۇش، كونترول قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يول، يۈك ترانسپورت كەسپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋىلاشقان ئۇنىۋېرسال قاتناش - ترانسپورت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، يول، يۈك ترانسپورت كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، ئەشيا ئوبوروت كەسپىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بازار مۇھىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاش، كەسپلەرنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى بويىچە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، يول، يۈك ترانسپورت ساھەسىدىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، كەسپلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئىلغار ئاپتوموبىل تېخنىكىسىنى قوللىنىشنى تېزلىتىپ، يۈك ترانسپورت بازىرىدا كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش ياخشى مۇھىتى يارىتىپ، يۈك ترانسپورت بازىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بىخەتەر - مۇقىم، تېجەشلىك - يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يېشىل - تۆۋەن كاربونلۇق يول، يۈك ترانسپورت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، يول، يۈك ترانسپورت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچ كۈچىنى قوغداش، ئاشكارا - ئېنىق، قېلىپلاشقان - تەرتىپلىك، ئادىل - يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانۇنچىللىق مۇھىتى يارىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى، قانۇن ئىجراسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى خاتىرىلەش تۈزۈمى ۋە مۇھىم، زور قانۇن ئىجراسى قارارىنى قانۇن - تۈزۈم جەھەتتىن تەكشۈرۈپ - بېكىتىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى خىزمىتىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن ئىز قالدۇرۇش ۋە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىغان باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇھىم، زور مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى قارارىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئادىل - مەدەنىي ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.